# ياشانغانلارغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىش، تۇغقانلارغا كۆيۈنۈش گۈزەل ئەخلاقنى ھەرىكىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش

## ——6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە ئەخلاق نەمۇنىچىسى لو شياۋمېي توغرىسىدا

ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ خىسلىتى

□ گېزىتىمىزنىڭ ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن دېڭ لىجۈەن

«بۇ ياشانغانلارغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىش، تۇغقانلارغا كۆيۈنۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىمدىن سەل خىجىل بولۇۋاتىمەن، چۈنكى مەندىنمۇ ياخشى قىلىۋاتقان كىشىلەر يەنە نۇرغۇن. مەن داۋاملىق خۇرەك دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن، ياشانغانلارغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىش، تۇغقانلارغا كۆيۈنۈش جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، مەن ئۇنىڭغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىم بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئىللىقلىق يەتكۈزىمەن» دېدى لو شياۋمېي 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

بۇ يىل 54 ياشقا كىرگەن لو شياۋمېي ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئاۋات بازىرى ئىتتىپاق كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، 27 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىزچىل ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرى كۆنچىسۇ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق خۇرەك ھېكىم بوۋاينىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بۇ يىل 74 ياشقا كىرگەن خۇرەك بۇ قىزنى تىلغا ئالغاندا ھەمىشە باشمالتىقىنى چىقىرىپ توختىماي «ياخشى» دەپ ماختايدۇ.

1992 - يىلى، لو شياۋمېي خۇرەك بىلەن تام قوشنىلاردىن بولۇپ قالدى. 1993 - يىلى يازدا، قاتتىق يامغۇر خۇرەكنىڭ كېسەك ئۆيىنى ئۆرۈۋەتتى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لو شياۋمېي يېتىپ كېلىپ، تام بېسىۋېلىپ يارىلانغان خۇرەكنى ھاپاش قىلىپ ئۆيدىن ئېلىپ چىقتى، يەنە ئۆزىنىڭ يېڭىلا سالغان خىش ئۆيىنى بوۋاينىڭ تۇرۇشىغا بەردى. لو شياۋمېينىڭ كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى نەتىجىسىدە، خۇرەكنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. خۇرەكنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، لو شياۋمېي يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئىككى ساغلىق قوي سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ بېقىشىغا بەردى.

2015 - يىلى باھاردا، لو شياۋمېينىڭ ئېرىنىڭ بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى، ئۇلار كېسەل داۋالىتىش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 60 - 50 مىڭ يۈەن خەجلىدى. 2016 - يىلى، لو شياۋمېينىڭمۇ بۆرەك ئۈستى بېزى ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى، ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ، ئۆيىدىكى بارلىق تاپقان - تەرگىنىنى خەجلەپ تۈگەتتى. شۇڭا، خۇرەك ئۆزى چىقىرالىغۇدەك پۇلنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ لو شياۋمېيغا بەردى.

2017 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، خۇرەك تۇيۇقسىز ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى، بۇ لو شياۋمېينى بەك قورقۇتۇۋەتتى، ئۇ ئېرى بىلەن بىللە بوۋاينى ناھىيەدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، دوختۇر بوۋاينىڭ كېسەل ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى، دوختۇرخانا يۆتكىلىپ داۋالىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. لو شياۋمېي ئېرى بىلەن بىللە بوۋاينى دەرھال ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ، بوۋاي ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىش خىراجىتىنى تاپشۇردى. داۋالاش ئارقىلىق بوۋاينىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، خۇرەك ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرالىدى، ھەر ئايدا يەنە تۆۋەن كاپالەت ۋە كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بار بولدى. لو شياۋمېينىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى، ئۇ باللىرى بىلەن ناھىيە بازىرىدا تۇرىدۇ، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ياكى بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە لو شياۋمېي ئەر - خوتۇن دائىم خۇرەك دادىسىنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

ليۇ شىڭچۈەن ئاۋات بازىرى ئىتتىپاق كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، ئۇ مۇنداق دېدى: «6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تېلېۋىزوردا لو شياۋمېينىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرسىتىلدى، مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تەسىرلەندۇق، چۈنكى لو شۇجى بىزگە ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بوۋايغا ياردەم قىلغان ئىشلىرىنى دەپ باقمىغانىدى».

نەچچە كۈندىن بۇيان، لو شياۋمېينىڭ ئىش ئىزلىرى ئاۋات ناھىيەسىدە كەڭ تارقىلىپ، كۈچلۈك ئىنكاس ۋە ئورتاق سادا قوزغىدى. ھەققىي ھېسسىياتى، چىن دىلى بىلەن ياشانغانلارغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىش، تۇغقانلارغا كۆيۈنۈش لو شياۋمېينىڭ باشتىن - ئاخىر بىردەك چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ باشقىلارغا ئۈلگە بولغانلىقىنىڭ كارتىنىسى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 56 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنى»نىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى خۇلاسىلەپ، سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتىكى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسىنى زىچلاشتۇرۇش، پۇختىلاش كېرەك. نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، قانۇن - تۈزۈمنىڭ قاتتىق چەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن - بەلگىلىمىلەرنىڭ ماددىلىرىنى بىر - بىرلەپ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن - تۈزۈمنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، قانۇنىي قوراللاردىن پايدىلىنىپ سۈزۈك سۇنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى پائال قاتنىشىپ، قانۇننىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى، ساداسىنى پائال ئىنكاس قىلىپ، سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تۈزەش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشقا كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكرى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بەش يىللىق يىرىك پىلانى (2022 - 2018)»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىل ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوتىنى تورلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىش سىستېمىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بۆلىكىنى تەتقىق قىلىپ كېڭەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ، سانلىق مەلۇماتتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، ھەرىكەتچان ئىگىلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۈن، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ياك باۋشەن: تيەندېشەن تېغىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن كۈرەش قەھرىمانى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭچۈن، 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۈ چىنفېڭ) جىلىن ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇا شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ خاتىرە ئۆيىدە، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان مۇنداق بىر ئالاھىدە تۆھپىكارنىڭ ئىسمى بار: ئۇ ھېچقانداق نەرسە قالدۇرمىغان، پەقەت بىر پارچە سۈرىتى بىلەن ئىش ئىزلىرى ئاددىي تونۇشتۇرۇلغان، ئەمما ئۇنىڭ باتۇرانە ئۇرۇش ھېكايىسى مەدھىيەلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئۇ دەل تيەندېشەن تېغىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قەھرىمان ياك باۋشەن.

ياك باۋشەن 1919 - يىلى دۇنخۇا شەھىرى داشىتوۋ بازىرىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادىسى ئۇ كىچىك چاغدىلا قازا قىلغاچقا، ئۇزاق مەزگىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن. 1945 - يىلى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇ خەلق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ باتۇرلۇق، ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم تۆھپە ياراتقان، 1948 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1951 - يىلى 3 - ئايدا، ياك باۋشەن قىسمىغا ئەگىشىپ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغاندا، لىنجىنجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ چاغدا ليەنجاڭ بولغان ياك باۋشەن يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، شۇ يىلى 9 - ئايدا ليەندۈينى باشلاپ تيەندېشەن تېغى بازىسىنى چىڭ ساقلىغان. بازىدا، ئۇ جەڭ قىلىش لايىھەسىنى قايتا - قايتا تەتقىق قىلغان، جەڭچىلەرنىڭ ئاكوپ كولىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆپچىلىكنى بازىنى قەتئىي ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن ليەندىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئېشىپ، كۈرەش ئىرادىسى ئۇرغۇپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقان.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دۈشمەن ئايروپىلان ۋە تانكىلارنىڭ ھىمايىسىدە، تيەندېشەن تېغىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىغان. شۇ كۈنى، ليەندۈيدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر دۈشمەننىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئۇدا چېكىندۈرۈپ، دۈشمەننىڭ 300دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جەڭ تېخىمۇ كەسكىن بولغان، دۈشمەن قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىرنەچچە قېتىم چېكىندۈرۈلگەن. دۈشمەن تيەندېشەن تېغى بازىسىغا نەچچە ئون مىڭ پاي زەمبىرەك ئوقى ياغدۇرغان، پۈتكۈل يەر يۈزى پارتلاشتىن خارابىگە ئايلانغان. ئەمما، ياك باۋشەن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملىق قايتۇرما زەربە بەرگەن.

بۇ ۋاقىتتا، بىر تۈركۈم دۈشمەن يان تەرەپتىن تيەندېشەن تېغى بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. ياك باۋشەن يىڭجاڭنىڭ: چوقۇم بۇ دۈشمەنلەرنى يوقىتىڭلار دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ تىڭشىغۇچنى ئېلىۋېتىپ، قول سائىتىنى چىقىۋېتىپ، ھۆججەت ۋە كۈندىلىك خاتىرىلەرنى يىرتىۋېتىپ، يېنىدا قالغان بارى - يوقى 20 نەچچە يارىدارنى تەشكىللەپ، دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشقا بەل باغلىغان. ئەمما ئوق - دورا پۈتۈنلەي تۈگەپ كېتىپ، پەقەت ئاز مىقداردا تانكىغا قارشى قول بومبىسى قالغان. دۈشمەن بازىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، ياك باۋشەن سول قولىدا يوغان تاشنى قۇچاقلاپ، ئوڭ قولىدا بىر قول بومبىسىنى تۇتۇپ، يوشۇرۇن جايىدىن دۈشمەنگە ئېتىلغان. «گۇم» قىلغان كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن ياك باۋشەن مەردلەرچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 32 ياشتا ئىدى.

ياك باۋشەن ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بىلەن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدىكى ھەربىيلەرنىڭ بۇرچىنى قوغداپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىنى جارى قىلدۇرغان. بۇ قەھرىمان ليەندۈي ۋە بۇ ليەنگە رەھبەرلىك قىلغان قەھرىمان ليەنجاڭنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى باش ئىشتابىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ياك باۋشەن تۇرغان 5 - ليەن بىر قېتىم ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان ھەم «تيەندېشەن تېغىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قەھرىمان ليەن» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەن؛ ليەنجاڭ ياك باۋشەن بىر قېتىم ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان ھەم «1 - دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەن. 1952 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ياك باۋشەن تۇرۇشلۇق قىسىم يەنە ئۇنىڭغا ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق 2 - دەرىجىلىك ئوردېنىدىن بىرنى تولۇقلاپ بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ياك باۋشەننىڭ قەبرە تېشى دۇنخۇا ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا تىكلەندى. «1 - ئىيۇل» يېقىنلاشقاندا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر قەبرىستانلىققا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربان ئۈچۈن گۈل تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، بۇ كۈرەش قەھرىمانىنى ياد ئەتتى.

# خەلقئارا كوممۇنىزم جەڭچىسى: لو شېڭجياۋ



لو شېڭجياۋنىڭ سۈرىتى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شيې يىڭ) 67 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ جەڭچىسى لو شېڭجياۋ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن چاۋشيەنلىك ئۆسمۈر سۈي يىڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى، لو شېڭجياۋ ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەنىدى. قەھرىتان سوغۇق كۈندە مۇز تۇتۇپ كەتكەن دەرياغا ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي سەكرەپ چۈشكەن ئاشۇ ياشنىڭ سىيماسى ئەزەلدىن يىراقلاپ كەتكىنى يوق، تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا بىزنىڭ قەلبىمىزنى لەرزىگە سالماقتا.

لو شېڭجياۋ 1931 - يىلى خۇنەن ئۆلكىسى شىنخۇا ناھىيەسىنىڭ سۇڭشەن يېزىسى تۇڭزى كەنتى مالۇڭ جىلغىسىدىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، 11 يېشىدا ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن. ئۇ قەيسەر، جاپادىن قورقمايدىغان روھ بىلەن كەچلىرى چىراغ ئاستىدا يېرىم كېچىگىچە ئۆگىنىش قىلغان، مەكتەپ پۈتكۈزگەندە ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆلكىلىك 9 - سىفەن مەكتىپىگە ئۆتكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لو شېڭجياۋ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ھەربىي سەپكە قاتناشقان، غەربىي خۇنەن ھەربىي - سىياسىي كادىرلار مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن. 1950 - يىلى لو شېڭجياۋ مەلۇم قىسىمنىڭ كاتىپلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلىپ ئوقۇغان، كېيىن يەنە 47 - جۈن 141 - شىغا بىۋاسىتە قاراشلىق رازۋېدكا ليەننىڭ كاتىپلىقىغا تەقسىملەنگەن، غەربىي خۇنەندە باندىتلارنى تازىلاش كۈرىشىگە قاتناشقان.

1951 - يىلى، لو شېڭجياۋ پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتناشقان ھەم قىسىمغا ئەگىشىپ چاۋشيەنگە ئاتلانغان.

لو شېڭجياۋ چاۋشيەن زېمىنىغا قەدەم باسقاندا، ھەممىلا يەردىكى كۆيۈپ كەتكەن لىم، كاھىشلارنى كۆرۈپ، تىنچلىقنى قوغداش ئېتىقادى تېخىمۇ چىڭىغان. ئۇ كۆڭلىدە: ئامېرىكا جاھانگىرلىكى قاراقچىلىرىنى يوقاتماي تۇرۇپ، ھەرگىز ۋەتەنگە قايتمايمەن! دەپ قەسەم قىلغان، ئۇ يەنە كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئوقى تېگىپ كەتسە، سەپداشلىرىم ھەرگىز يېنىمدا توختاپ قالماڭلار! چوقۇم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىليونلىغان چاۋشيەن خەلقى ۋە قۇربان بولغان يولداشلار ئۈچۈن قەتئىي قىساس ئېلىڭلار!»

1952 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يېڭى يىل ئەمدىلا كىرگەن ۋاقىت دەل چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنى قار - مۇز قاپلايدىغان مەزگىل ئىدى. لو شېڭجياۋ ئەتىگەندىلا يېقىن ئەتراپتىكى مۇز تۇتۇپ كەتكەن دەريا بويىغا كېلىپ، بومبا تاشلاشنى مەشىق قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، دەريا يۈزىدە تۇيۇقسىز بىرقانچە چاۋشيەنلىك بالىنىڭ دۇقۇپ يىغلاپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. لو شېڭجياۋ چاۋشيەن تىلىنى بىلمەيتتى، لېكىن ئۇ چاۋشيەنلىك باللارنىڭ قول ئىشارىتى ۋە يېرىلىپ كەتكەن مۇز يۈزىنى كۆرگەندە دەرھال ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ بىر تەرەپتىن كاچكۇلغا قاراپ كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرسە، بىر تەرەپتىن پاختىلىق چاپىنىنى سېلىپ، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق دەريا سۈيىگە سەكرىدى.

نۆلدىن تۆۋەن 20 سېلسىيە گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇققا قارىماي، لو شېڭجياۋ تەمكىن، سالماق بولۇپ، ناھايىتى تېزلا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى چاۋشيەنلىك بالىنى ئىزدەپ تاپتى ھەم ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمما، كاچكۇلنىڭ گىرۋىكىدىكى مۇز نېپىز بولۇپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى كۆتۈرەلمىگەچكە، ئىككىسى يەنە سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم... بالا ئۈچ قېتىم سۇ يۈزىگە ئىتتىرىپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچىلا قېتىمدا قىرغاققا چىقالمىدى. بۇ ۋاقىتتا، لو شېڭجياۋنىڭ جىسمانىي كۈچى خوراپ تۈگەپ، پۇت - قوللىرى ئۇيۇشۇپ قېتىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن سۇ ئاستىغا يەنە بىر قېتىم چۆكۈپ، يەنە بىر قېتىم بالىنى تاپتى ھەم يەنە بىر قېتىم ئۇنى سۇ يۈزىگە ئىتتىرىپ چىقاردى...

قۇتقۇزۇۋېلىنغان بۇ بالا دەل كېيىن چاۋشيەن ئارمىيەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندان سۈي يىڭ ئىدى. ئەمما لو شېڭجياۋ قايتا ئۈستىگە چىقالمىدى.

ئىنقىلابىي قۇربان لو شېڭجياۋنىڭ جەسىتىنى تاپقاندىن كېيىن، چاۋشيەننىڭ شىتيەنلى خەلقى ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇلار چاۋشيەننىڭ يەرلىك ئەڭ داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى بويىچە، ئۇنى ياپيېشىل، گۈزەل فوتىندۇڭ تېغىغا دەپنە قىلدى. شىتيەنلى خەلق كومىتېتى لو شېڭجياۋ قۇربان بولغان جايغا بىر ياغاچ ئابىدە تىكلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە: «چاۋشيەن زېمىنىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن خەلقنىڭ ھەممىسى دوستىمىز يولداش لو شېڭجياۋنى مەڭگۈ ئەستە ساقلىشى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھىدىن ئۆگىنىشى كېرەك» دەپ يېزىلغانىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)